# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي

15

دۈشەنبە

维吾尔文 6 月15日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25093 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شىنجاڭ 7 مىليارد يۈەن يېڭىدىن كۆپەيگەن زايوم تارقىتىپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا كۈچ قوشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى جىخاۋ)** نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ مۇھىم، زور ئۆل ئەسلىھە تۈرى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ يېقىندا 2020 - يىللىق يېڭىدىن كۆپەيگەن ئادەتتىكى زايومدىن 7 مىليارد يۈەن تارقاتتى، بۇنىڭ ھەممىسى يېزا يولى، يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، يېزا - بازارلىق ياتاقلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، يېزا - بازارلىق شىپاخانا قاتارلىق 172 نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ قېتىم يېڭىدىن كۆپەيگەن ئادەتتىكى زايوم نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىكەن، مەبلەغ يىللىق پىلاندىكى ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق كاپىتال چىقىم تۈرىگە كىرگۈزۈلىدىكەن، كونكرېت تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدىكەن:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا قىلغان سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چىڭ تۇتۇپ، نېگىزگە، ئۇلغا، ئۇزاق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا سەممىي غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ سۆزىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى باشتىن - ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى سىڭدۈرۈلۈپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ پۇختا، ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ سۆزىدىكى تەلەپ بويىچە، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، نېگىزگە، ئۇلغا، ئۇزاق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە سىجىل دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئاساسىنى كۈچەپ پۇختىلاپ، ئىلگىرىلەپ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## تۇنجى «گۇاڭجۇ - شىنجاڭ - ئۆزبېكىستان» جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى چېگرادىن چىقتى

### قورغاستىن چېگرادىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى لىنىيەسى 18گە كۆپەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلقئارا خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى لىق قاچىلانغان «گۇاڭجۇ - شىنجاڭ - ئۆزبېكىستان» جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قورغاس تۆمۈريول پورتىدىن چېگرادىن چىققان. بۇ، گۇاڭجۇۋدىن قوزغىلىپ، قورغاستىن چېگرادىن چىقىپ، قازاقىستاندىن ئۆتۈپ، ئۆزبېكىستاننى مەنزىل قىلغان تۇنجى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن قورغاس تۆمۈريول پورتىدىن چېگرادىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتنايدىغان لىنىيە 18گە كۆپەيگەن.

بۇ قېتىمقى «گۇاڭجۇ - شىنجاڭ - ئۆزبېكىستان» جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گۇاڭدۇڭ (دالاڭ) تۆمۈريول خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت بازىسىدىن قوزغالغان بولۇپ، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى قاچىلانغان 45 كونتېينېرنى ئېلىپ، ئون كۈندىن كېيىن مەنزىلگاھ ئۆزبېكىستان تاشكەنت بېكىتىگە يېتىپ بارىدۇ، ئومۇمىي مۇساپىسى تەخمىنەن 7000 كىلومېتىر.

«بۇ نۆۋەتچى پويىز يېڭىدىن ئېچىلغان لىنىيەدە قاتنىغان بولۇپ، ئېلىمىز ياساش مەركەزلىرىنىڭ ماللىرىنى بىۋاسىتە ئوتتۇرا ئاسىياغا توشۇيدۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلقئارا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېدى قورغاس تاموژنىسى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش 3 - بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لۇڭ تېڭ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭدىكى تۇنجى «يولۇچى ئورنىغا يۈك توشۇش»

### يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بويىچە ئايروپىلان ھۆددە ئېلىش ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئېچىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئايروپىلان ھۆددە ئېلىپ توشۇلغان 15 توننا شىنجاڭ ئاق ئۆرۈكى خاڭجوۋ شەھىرىدىكى ھەرقايسى چوڭ تاللا بازارلىرىغا كىردى. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سائەت 19دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، شىنجاڭدىكى تۇنجى «يولۇچى ئورنىغا يۈك توشۇش» يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بويىچە ئايروپىلان ھۆددە ئېلىش ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئېچىلىپ، خۇاشيا ئاۋىياتسىيە پاي چەكلىك شىركىتى ئۈچۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان «يولۇچى ئورنىغا يۈك توشۇش» بويىچە ھۆددە ئېلىنغان ئايروپىلان كورلىدىن خاڭجوۋغا قاراپ ئۇچتى.

«يولۇچى ئورنىغا يۈك توشۇش» دېگىنىمىز، بىر قىسىم ماللارنى يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ ئورۇندۇقى ۋە يۈك - تاق جازىسىغا قويۇپ، يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ قورساق بۆلمىسىگە قاچىلاش ئارقىلىق، «يولۇچىلار بۆلمىسى+قورساق بۆلمىسى» يۈك ترانسپورت يېڭى شەكلىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 91 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 91 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى قۇرۇشنى تېزلىتىش، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشنى زورايتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى قۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇل مۇئامىلە بازىرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ۋەزىپە، شۇنداقلا پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى ۋە يېڭىلىق يارىتىشتىكى مۇھىم بوسۇش ئېغىزى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئورۇنلار كاپىتال بازىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش نىسبىتىنى سىجىل ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىنىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىنىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)


新疆日报 | 石榴云

新疆报业传媒集团


## ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

### ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈردى

#### مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدىن 1332سى پۈتتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ دۈڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، تۇرۇبا سۈيى جۈمەكتىن شارقىراپ ئېقىپ چىقتى، ئابدۇنىياز تەۋەككۇل سۈنى ئوچۇملاپ ئېلىپ يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپلا، دەرھال جۈمەكنى ئېتىۋەتتى. «بۇ سۇ تەستە كەلگەن، ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ.» ئۇ ئاقسۇ شەھىرى ئىگەرچى يېزىسى سورتلۇق ئۇرۇقلۇق يۇقارقى چوغتال كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، يېنىدىكى داتلىشىپ كەتكەن تاشلاندۇق باسما قۇدۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «تۇرۇبا سۈيى ئۇلانغىلى ئىككى يىل بولدى، بۇ باسما قۇدۇقنى تۇرمۇشىمىزدىكى زور ئۆزگىرىشنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئىزچىل بۇزۇۋەتمەي ساقلاپ قويدۇم» دېدى.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى، بۇ، يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە ئۆل خاراكتېرلىك رول ئوينىدى. «نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدىن 1332سى پۈتتى» دېدى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ساياھەتچىلەر شايار ناھىيەسىدىكى يۆلياغۇەن ئىستىراھەت دەم ئېلىش كەنتىدە ساياھەت كېمىسىگە ئولتۇرۇپ سەيلە قىلماقتا (ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان سۈرەت). يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شايار ناھىيەسى ساياھەت كەسپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كارخانا ۋە شەخسلەرنى دېھقانلار ئارامگاھى، پۇقراۋى قونالغۇ قاتارلىق ساياھەت تۈرلىرىنى ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شىي لۇڭ فوتوسى

كەسىپتە كۈچلۈك بازار قۇرۇپ، خاس كۆجۈملەشكەن توپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

### «لىنىيە بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش» يېزا ئىگىلىك كەسىپ زەنجىرىنىڭ تېز ئۆزىرىشىغا ياردەم بەردى

كىرىمنى ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە پائال تاقابىل تۇرۇپ، «لىنىيە بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈپ» ئۆلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ۋە پۈتۈن قىممەت زەنجىرىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ كەسىپ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشقان.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى تۈر مەدەتنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك كەسپىدە كۈچلۈك بازار قۇرۇپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرى تەرەققىياتىنىڭ «دائىرىسى»نى بەرپا قىلدى. قورغاس ناھىيەسىنىڭ چىڭسخوزا بازىرى، يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى قاتارلىق بەش جاينىڭ يېزا ئىگىلىك

(ئاخىرى 4 - بەتتە)